## 70240 ـ پەقەت ئۆمرىنىلا نىيەت قىلىپ ئېھرام كىيىپ، كىيىن ھەجنى مەككىدىن نىيەت قىلسا بولامدۇ؟

### سۇئال

مۇسۇلمان كىشى بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئۆتۈپ مەككىدە قالىدىغانلىقى ئۈچۈن پەقەت ئۆمرىنىلا ئادا قىلىپ، پەرز ھەجنى كېيىن ئادا قىلسىمۇ بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شۇنداق، مۇسۇلمان كىشى مىيقاتتىن ئۆمرىگە ئېھرام كىيىپكېرىپ، ئۆمرە پائالىيىتىنى تۈگەتكەندە ئېھرامدىن چىقىپ،زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ئۆزىنىڭ تۇرغان ئورنىدىن ھەجگە ئېھرام كېيگۈچە مەككىدە قالسا بولىدۇ، بۇ تەمەتتۇ ھەجدەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى بىر سەپەردە ئۆمرەۋە ھەج قىلىپ، ئارىدا ئېھرامدىن چىقتى. تەمەتتۇ ھەجدە ئىنسان شەۋۋال، زۇلقەئدە ۋە زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنىگىچە بولغان ھەج ئايلىرىدا ئۆمرەقىلىپ،ئاندىن شۇ يىلى يەنە ھەجقىلىدۇ.

تەمەتتۇ ھەج قىلغۇچى مەككىدە بىر قوي ئۆلتۈرۈپ كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىش كېرەك، قوي سېتىۋېلىشقا پۇلى بولمىسا، ھەج جەريانىدا ئۈچكۈن،يۇرتىغا قايتقاندا يەتتە كۈن روزا تۇتىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿فَمَن تَمَتَّعَ بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَجِّ فَمَا اسْتَيْسَرَ مِنَ الْهَدْيِ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَاثَةِ أَيَّامٍ فِي الْحَجِّ وَسَبْعَةٍ إِذَا رَجَعْتُمْ تِلْكَ عَشَرَةٌ كَامِلَةٌ﴾تەرجىمىسى: ئەمىنلىكتە بولغان چېغىڭلاردا (ئاراڭلاردىن) ئۆمرى قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرى قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نىمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن، (پۇلى يوقلۇقتىن ياكى قۇربانلىق مال يوقلۇقىدىن قۇربانلىق مال) تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، (ھەجدىن) قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ (يەنى ئۆمرى قىلغان ئادەمگە قۇربانلىق قىلىش لازىملىقى ياكى روزا تۇتۇش ھەققىدىكى ھۆكۈم. [سۈرە بەقەرە 196–ئايەت].

ئىنسان يالغۇز ھەجلاقىلسىمۇبولىدۇ، ئېھرام كىيىدىغان ۋاقىتتا ئۆمرىنى نىيەت قىلماستىن پەقەت يالغۇز ھەجنىلا نىيەت قىلىدۇ، زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى كۈنىگىچە ئېھراملىق ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئاندىن ھەج پائالىيىتىنى تولۇقلايدۇ، ئۇ كىشىگە قۇربانلىق ھەدىيە كەتمەيدۇ.

شۇنىڭدەك ئېھرام كىيىدىغان ۋاقىتتا ھەج بىلەن ئۆمرىنى بىرگە نىيەت قىلىپ قىران ھەج قىلسىمۇ بولىدۇ، مەككىگە يېتىپ

كەلگەندە تاۋاپ قىلىپ، ساپا ـ مەرۋە قىلىدۇ، لېكىن ئېهرامدىن چىقماي، هەج كۈنلىرى بولغاندا هەج پائالىيىتىنى تۇلۇق تۈگەتكەنگە قەدەر ئېهرامدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ تەمەتتۇ هەججىلىغۇچىغا ئوخشاشقۇربانلىق هەدىيە كېتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان هەجنىڭ ئۈچ تۈرىنىڭ قايسىسىنى ئادا قىلسا بولىدۇ، ئەۋزەلراقى تەمەتتۇ هەججىلىشتۇر.بۇنىڭ تەپسىلاتىنى 31822 ـ ۋە 27090 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا هەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.